شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

# ئۇنىۋېرسال دوختۇرلار: ئاساسىي قاتلام ساغلاملىقىنىڭ ياخشى «دەرۋازىۋەن»ى بولۇش

## باش شۇجى كۆڭۈل بۆلگەن يۇقىرىلارنىڭ ئەتراپىدىكى ئىشلار

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى يەن شياڭلىڭ، چيۇ بىڭجىڭ، چېن سۇڭ، شياۋ سىسى

باش شۇجى شى جىنپىڭ ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ كېسەل كۆرستىشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرستەشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. ئاساسىي قاتلامنىڭ داۋالاش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيى دوكلاتىدا ئۇنىۋېرسال دوختۇرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئالاھىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئومۇمىي خەلق ساغلام بولمىسا، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بولمايدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ھەرقايسى جايلار ئۇنىۋېرسال دوختۇرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىپ، كۆپ خىل تەدبىر قوللىنىپ ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى ياخشى تەربىيەلەشكە، تۇرۇپ قالىدىغان، تۆۋەنگە چۈشەلەيدىغان بولۇشقا ھەققىي كاپالەتلىك قىلدى. ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنىڭ تايانچلىق، تۈرتكىلىك رولى ئۈزلۈكسىز كۈچىيىپ، ئاساسىي قاتلام ئاممىۋى سەھىيە ۋە ئاساسىي داۋالاش مۇلازىمىتى ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈردى، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنىڭ ئاساسىي قاتلام ساغلاملىقىدىكى «دەرۋازىۋەن» بولۇش رولى بارغانسېرى گەۋدىلەندى.

### ■ «ئۇلار پەرزەنتلىرىمىز قىلالمىغان ئىشلارنى قىلدى»

«ئادەتتە ئۆيدىمۇ شىپاخانا تارقاتقان ئۈسكۈنە ئارقىلىق ئۆزۈم قان شېكىرى، قان بېسىمىنى ئۆلچىيەلەيمەن، سانلىق مەلۇمات ۋاقتىدا شىپاخانىغا يوللاپ بېرىلىدۇ، ئەگەر دوختۇر سانلىق مەلۇماتتىكى بىنورماللىقنى بايقىسا، دەرھال ماڭا شىپاخانىغا كېلىپ تەكشۈرتۈشنى ئۇقتۇرىدۇ».

جياڭسۇ جېنجياڭدىكى دەنتۇ رايونى شىبې بازارلىق شىپاخانىسىنىڭ ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئاپتوماتىك ئۈسكۈنە سېپىلەنگەن ساغلاملىق ئۆيىدە 75 ياشلىق ۋېي دېڭيۇ قان بېسىمىنى ئۆلچەتكەچ شۇنداق دېدى.

2014 - يىلى 12 - ئايدا، دەل بۇ يەردە، ۋېي دېڭيۇ تەكشۈرۈشكە كەلگەن باش شۇجى شى جىنپىڭنى ئۇچراتتى.

«شۇ كۈنى، باش شۇجى سالامەتلىك ئەھۋالىمنى سورىغاندىن باشقا، يەنە بىزنىڭ كېسەل كۆرستىشىمىزنىڭ قولايلىق ياكى قولايلىق ئەمەسلىكى، داۋالىنىش ھەققىنىڭ قىممەت ياكى قىممەت ئەمەسلىكى، يېزىلارنىڭ داۋالاش - سەھىيە خىزمىتىدىن رازى ياكى رازى ئەمەسلىكىمىزگە كۆڭۈل بۆلدى» دېدى ۋېي دېڭيۇ ئەسلەپ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: داۋالاش - سەھىيە خىزمىتىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى تۆۋەنگە يۆتكەش، داۋالاش - سەھىيە بايلىقىنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، شەھەر، يېزا ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمىتىنى باراۋەرلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ئاممىنى بىخەتەر، ئۈنۈملۈك، قولايلىق، ئەرزان ئاممىۋى سەھىيە ۋە ئاساسىي داۋالاش مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەپ، ھەققىي تۈردە ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنىڭ كېسەل كۆرستىشى قىيىن بولۇش، كېسەل كۆرستىشى قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىش كېرەك.

بۈگۈنكى كۈندە، شىبې بازارلىق شىپاخانىسىنىڭ داۋالاش خادىملىرى قەرەللىك ھالدا بازاردىكى بەش مەمۇرىي كەنتكە بېرىپ سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكە گەرىپتار بولغان ئاغرىقلارنىڭ قان بېسىمى، قان شېكىرىنى ئۆلچەپ، ساغلاملىق بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇردى، ئاھالىلەر تېخىمۇ قولايلىق ھالدا ئالاقىدار ئاساسىي داۋالاش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولالايدىغان بولدى.

«شىپاخانىنىڭ ئۇنىۋېرسال دوختۇرلىرى كەنتتىكىلەرنىڭ ‹ساغلاملىق يېتەكچىسى›، ئۇلار سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەر بويىچە باشقۇرۇلىدىغان ئوبيېكتلارنىڭ سالامەتلىك تەكشۈرۈش دوكلاتىنى تەھلىل قىلىپ، داۋالاش لايىھەسى تۈزىدۇ، يەنە ھەربىر باشقۇرۇلىدىغان ئوبيېكتنى داۋالاشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن بىللە، مۇناسىپ يەنى ئومۇملاشتۇرۇش ساغلاملىق لېكسىيەسى سۆزلەيدۇ» دېدى شىبې بازارلىق شىپاخانىنىڭ شىپاخانا باشلىقى خۇ شياۋجۇڭ.

ۋېي دېڭيۇگە ئوخشاش، شەندۇڭ ۋېيخەينىڭ خۇەنسۇي رايونى جېڭيۈەن مەھەللىسىدىكى ئاھالىلەرمۇ مانا مۇشۇ «ساغلاملىق يېتەكچىلىرى»نىڭ مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولدى. بۇلتۇر 6 - ئايدا، 74 ياشلىق يۈ ۋېنجۈن بوۋاي ساقسىز بولۇپ قالغاندا، مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ دوختۇرى دەل ۋاقتىدا ئۆيىگە كېلىپ، جەددىي دورا ئىچكۈزۈش، ئوكۇل ئۇرۇش، ئوكسىگېن سۈمۈرگۈزۈش، جەددىي قۇتقۇزۇشقا تېلېفون قىلىش قاتارلىق بىر قاتار تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، بوۋاينى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە جەددىي قۇتقۇزۇپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

«بىز ئىلگىرى ئاساسلىقى كېسەل داۋالايتتۇق، ھازىر تېخىمۇ كۆپ زېھنىمىزنى ئاغرىتىپ ئاغرىقلارنىڭ سالامەتلىكىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدۇق. كېسەل داۋالاشنى مەركەز قىلىش خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى مەركەز قىلىشقا ئۆزگىرىپ، دياگنوز قويۇپ داۋالاش ئۈنۈمى ئۆسۈپ، دوختۇرلار بىلەن ئاغرىقلارنىڭ مۇناسىۋىتى قويۇقلاشتى» دېدى ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىنىڭ دوختۇرىدىن ئۇنىۋېرسال دوختۇر بولغان مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى لى خېيلىڭ مۇخبىرلارغا.

«ئۇلار پەرزەنتلىرىمىز قىلالمىغان ئىشلارنى قىلدى» بۈگۈنكى كۈندە، يۈ ۋېنجۈن مەھەللە سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ خالىس تەشۋىقاتچىسى بولۇپ، ئۇچرىغانلا كىشىگە مەھەللە دوختۇرلىرىنى ماختايدىغان بولدى.

### ■ «بازاردىلا شەھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىنىڭ سەۋىيەسىدىكى داۋالاشتىن بەھرىمەن بولالايدىغان بولدۇق»

«بىر تەرەپ قىلغىلى بولمايدىغان كېسەلگە دۇچ كەلگەندە، ۋاقتىدا ئالاقىلىشىپ يۆتكەپ دياگنوز قويۇلىدۇ.» ھازىر، جېڭيۈەن مەھەللىسى سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزى چوڭ دوختۇرخانىنى تاغدەك يۆلەنچۈك قىلغاندىن كېيىن، دوختۇرلار مۇرەككەپ ۋە داۋالاش تەس كېسەللەرگە دۇچ كەلگەندە قىينالمايدىغان بولدى.

جېڭيۈەن مەھەللىسى ۋېيخەي شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۆلچەملىك تەربىيەلەش بازىسىنىڭ ئەمەلىيەت بازىسى بولۇپ، دوختۇرخانا بىلەن ئەمەلىيەت بازىسى زىچ باغلانغان داۋالاش بىرلەشمە گەۋدىسى قۇرۇپ، بىرلەشمە تەربىيەلەش كېلىشىمى ۋە قوش يۆنىلىشلىك يۆتكەپ دياگنوز قويۇش كېلىشىمى ئىمزالاپ، بىرلىكتە ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى تەربىيەلەش پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، يۇقىرى - تۆۋەن ئوتتۇرىسىدا يۆتكەپ دياگنوز قويۇش يولىنى راۋانلاشتۇردى.

ۋېيخەي شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ ئۇنىۋېرسال تىبابەت بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم مۇدىرى خۇاڭ شياۋلى مۇخبىرلارغا مۇنداق دېدى: «ئۇنىۋېرسال تىبابەتنىڭ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيەلەش ئۈچۈن، دوختۇرخانا ئۇنىۋېرسال تىبابەت بۆلۈمىنى مۇستەقىل تەسىس قىلىپ، تەربىيەلەش ئوقۇتۇشىغا ئىشلىتىدىغان مۇستەقىل كېسەلخانا ۋە ئامبۇلاتورىيە تەسىس قىلىپ، ئۇنىۋېرسال تىبابەت ئوقۇتۇش - تەتقىقات ئىشخانىسى قۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى تەربىيەلەش خىزمىتىگە تۈرتكە بولدى.

«نۆۋەتتە ئۇنىۋېرسال تىبابەت كەسپى بويىچە تەربىيەلەشكە مەسئۇل 40 نەچچە ئوقۇتقۇچى بولۇپ، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشكە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دوختۇرخانا يېتەكچى ئوقۇتقۇچىلارنى باشقۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنى قوش يۆنىلىشلىك تاللاپ، بىرگە بىر پۈتۈن مۇساپىلىك يېتەكچىلىك قىلماقتا» دېدى خۇاڭ شياۋلى.

ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنىڭ كەسپىي سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ۋېيخەي شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ ئۇنىۋېرسال تىبابەت بۆلۈمى ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى مول كەسپىي «تىزىملىك» بىلەن تەمىنلىدى: ھەر ھەپتىنىڭ ئىككىسى چۈشتىن كېيىن، ئوچۇق دەرس ئۆتۈش، ھەر ھەپتىنىڭ ئۈچى چۈشتىن بۇرۇن ئۇنىۋېرسال تىبابەت كېسەلخانىسىنى ئېچىۋېتىپ، ئاساسىي قاتلامدىكى ئۇنىۋېرسال دوختۇرلار بىلەن شەھەرلىك دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرلىرى بىرلىكتە كېسەلخانىنى تەكشۈرۈپ، كېسەل ئەھۋالىنى بىرلىكتە مۇھاكىمە قىلىش، ھەر پەسىلدە يەنە بىر قېتىم ئۇنىۋېرسال دوختۇرلار سالونى ئۆتكۈزۈش، داڭلىق مۇتەخەسسىسلەرنى تەكلىپ قىلىپ، دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللەر، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش مەسىلىسى توغرىسىدا كېڭەشىش.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى مائارىپ تارماقلىرى بىلەن بىرلىكتە، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ تەربىيەلەش، ياردەمچى ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى تەربىيەلەش، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى ئىش ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ تەربىيەلەش، نىشانلىق ھەقسىز تەربىيەلەش قاتارلىق كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى تەربىيەلەش سالمىقىنى ئاشۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى تەربىيەلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەربىيەلەش بازىسى ۋە ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى تەربىيەلەش سۈپىتىنى ئۆستۈردى.

داۋالاش بايلىقىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەن ھەمتۈرتكە بولۇشى ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنىڭ دياگنوز قويۇش - داۋالاش سەۋىيەسىنى تېز ئۆستۈرۈپلا قالماي، يەنە ئاساسىي قاتلامدىكى ئاممىنى يىراققا بارمايلا يۇقىرى سەۋىيەلىك مۇلازىمەتتىن بەھرىمەن بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

«بازاردىلا شەھەر دەرىجىلىك دوختۇرخانىنىڭ سەۋىيەسىدىكى داۋالاشتىن بەھرىمەن بولالايدىغان بولدۇق.» ئالدىنقى ئايدا، ۋېي دېڭيۇنىڭ تىزى ئاغرىپ قالدى، شىپاخانىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جيڭ ۋېنخۇي ئۇنى رېنتگېندا سۈرەتكە ئېلىپ، نەق مەيداندا جېنجياڭ شەھەرلىك 1 - خەلق دوختۇرخانىسىغا ئەۋەتتى، بىر مىنۇتتىن كۆپرەك ۋاقىتتىن كېيىن، دوختۇر دياگنوز نەتىجىسىنى ئەۋەتتى. «نومۇر ئېلىشتىن تارتىپ رېنتگېندا سۈرەتكە ئېلىشقىچە، مەن پەقەت بەش مىنۇتلا ۋاقىت سەرپ قىلىپ، 12 يۈەن پۇل خەجلىدىم. بەك قولايلىشىپ كەتتى».

### ■ «تىرىشىپ ئامما ساغلاملىقىنىڭ ياخشى ‹دەرۋازىۋەن›ى بولىمىز»

«2014 - يىلى مەركىزىمىزدە تۇنجى ئۇنىۋېرسال دوختۇر بارلىققا كەلگەندى، ھازىر 12 گە يەتتى.» جېڭيۈەن مەھەللىسى سەھىيە مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇدىرى لى خېيلىڭ مۇنداق دېدى: ئۇنىۋېرسال دوختۇرلار ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەرنى ئاسانلا كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، «دائىم كۆرۈلىدىغان كېسەللەر ۋە كۆپ قوزغىلىدىغان كېسەللەرگە دياگنوز قويۇش ۋە داۋالاش سەۋىيەسىدە ئىلگىرىلەش ناھايىتى چوڭ، جىددىي، خەتەرلىك، ئېغىر كېسەللەرنى ۋاقتىدا پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارى ۋە جىددىي بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئۆستى، كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىلدى».

داۋالاش - سەھىيە خىزمىتىنىڭ ئېغىرلىق مەركىزىنى تۆۋەنگە يۆتكەش، بايلىقنى تۆۋەنگە چۈشۈرۈشكە يېتەكلەپ، ساغلاملىق «دەرۋازىۋەن»ى تۈزۈمى ئورنىتىش خەلق ئاممىسىنىڭ كېسەل كۆرستىش ۋە داۋالىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنىڭ ماھىيەتتىن تۈزۈش تەدبىرى.

بۇلتۇر يىل بېشىدا، گوۋۇيۈەن «ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى تەربىيەلەش ۋە ئىشلىتىش، رىغبەتلەندۈرۈش مېخانىزمىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»نى بېسىپ تارقىتىپ، زور تۈركۈمدىكى لاياقەتلىك ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى تەربىيەلەشنى تېزلىتىپ، 2030 - يىلغىچە شەھەر، يېزىلاردىكى ھەر 10 مىڭ ئاھالىگە لاياقەتلىك ئۇنىۋېرسال دوختۇردىن بەشنى بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى.

لېكىن، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى تەربىيەلەش ئاسان ئىش ئەمەس، ئاساسىي قاتلامدىكى داۋالاش - سەھىيە ئاپپاراتلىرىدا خىزمەت قىلغاندا، كۆپىنچە ھاللاردا مائاش تەمناتى تۆۋەن بولۇش، تەرەققىي قىلىش ۋە ئۆسۈش قىيىن بولۇش، خىزمەت مۇھىتى ناچار بولۇش قاتارلىق پايدىسىز ئامىللارغا دۇچ كېلىپ، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنىڭ ئىش ئورنىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچى كەمچىل بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

«بۇ يىل گۇاڭدۇڭ ئاساسىي قاتلام داۋالاش - سەھىيە ئۇنۋانىنى باھالاش تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى باشلىدى، ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئۇنۋانغا ئېرىشكەندىن كېيىن گۇاڭدۇڭنىڭ شەرقىي، غەربىي، شىمالىي رايونلىرىدىكى ئاساسىي قاتلامدا ئۈدا ئۇن يىل خىزمەت قىلغان، مۇناسىۋەتلىك باھالاش تەلەپلىرىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئۇنىۋېرسال كېسەللەر بۆلۈمى، باللار كېسەللىرى بۆلۈمى قاتارلىقلاردا جىددىي كەمچىل بولۇۋاتقان كەسپىي ئىختىساسلىقلارغا بىۋاستە ھالدا ئاساسىي قاتلام كاندىداتى ئالىي ئۇنۋانىنى باھالاپ بېكىتىشكە بولىدۇ.» گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى دۈەن يۈفېي مۇنۇلارنى بىلدۈردى: گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسى ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى تەربىيەلەشنى كۈچەيتىشنى ئاساسىي قاتلامنىڭ داۋالاش - سەھىيە مۇلازىمەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىدىكى «كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش»تىكى مۇھىم ۋەزىپە قاتارىغا كىرگۈزدى.

ھازىر، پۈتۈن مەملىكەتتىكى نۇرغۇن جاي ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاش - تەكلىپ قىلىش ئىسلاھاتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئىنگلىز تىلى، ئىلمىي ماقالە قاتارلىق چەكلىمىلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنىڭ ئالىي ئۇنۋان نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنىڭ كەسپىي تەرەققىيات يولىنى ئېچىپ، ئۇنىۋېرسال دوختۇرلارنى پۈتۈن زېھنىنى دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللەر، كۆپ قوزغىلىدىغان كېسەللەر ۋە ئاممىۋى سەھىيە مۇلازىمىتى قاتارلىق «ئاساسلىق كەسپ»لەرگە قارىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر، دۆلىتىمىز تەربىيەلىگەن لاياقەتلىك ئۇنىۋېرسال دوختۇر 309 مىڭ ئادەمگە يېتىپ، ئالدىنقى يىلدىكىدىن 56 مىڭ ئادەم كۆپەيگەن، ھەر 10 مىڭ نوپۇسقا 2.2 ئۇنىۋېرسال دوختۇر توغرا كېلىپ، 2020 - يىلى ھەر 10 مىڭ نوپۇسقا ئىككىدىن ئۈچكىچە ئۇنىۋېرسال دوختۇرنى توغرا كەلتۈرۈشتەك باسقۇچلۇق نىشان مۇددەتتىن بۇرۇن ئىشقا ئاشۇرۇلغان.

«بىز تىرىشىپ ئامما ساغلاملىقىنىڭ ياخشى ‹دەرۋازىۋەن›ى بولىمىز» دېدى لى خېيلىڭ.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى)**

---

گۈزەل يۇرت - ماكانىمىزنى ياخشى قوغدايلى

# مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى خۇددى قۇياش نۇرىدەك كەڭ زېمىنغا نۇر چاچقۇزايلى

□ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستلىق 1 - ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى مېھرىگۈل ئەكبەر

2008 - يىلى، پارتىيەنىڭ ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتىنىڭ نۇرى ئاستىدا، مەن تىرىشىپ ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىغا ئۆتۈپ، دۇڭگۇەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتىپىدە ھەر مىللەت ساۋاقداشلار بىلەن ئورتاق ئۆگىنىدىغان تۇرمۇشنى باشلىدىم، ئىچكىرىدىكى شىنجاڭ تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن ئىچكىرىدىكى ئالىي مەكتەپكە ئۆتتۈم. ئىچكىرىدىكى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپىدا ئوقۇشتىن بۇرۇن، مەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ كۆپ مىللەتتىن تەركىب تاپقانلىقىنى بىلسەممۇ، لېكىن تۇرمۇش دائىرەم چەكلىك، سىرت بىلەن بولغان ئالاقەم كۆپ بولمىغانلىقى ئۈچۈن، كۆپ مىللەت ئۇقۇمىغا نىسبەتەن بىۋاسىتە تەسىراتىم يوق دېيەرلىك ئىدى. ئىچكىرى ئۆلكىدە سەككىز يىل ئوقۇش جەريانىدا، مەن خەنزۇ، موڭغۇل، چاۋشيەنزۇ، خۇيزۇ، قازاق قاتارلىق ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىن بولغان ساۋاقداشلار بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن دوست بولۇپ، ئۆزئارا ئۆگىنىپ، ئورتاق ئالغا ئىلگىرىلىدىم. مەن جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ نەزەر دائىرىسىنىڭ كەڭ، مەزمۇنىنىڭ مول ئىكەنلىكىنى يەنىمۇ ھېس قىلدىم، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ كۈچى ۋە ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتىم.

مېنىڭ ھەر مىللەت ئاكا - ئۇكا، ئاچا - سىڭىللار بىلەن بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلىشىمنى پارتىيەنىڭ غەمخورلۇقى ۋە تەربىيەسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. مەن شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىمكى، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ رەھبەرلىكى بولمىسا، قۇدرەتلىك دۆلىتىمىز بولمايدۇ، شىنجاڭنىڭ گۈللەپ تەرەققىي قىلىشى بولمايدۇ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ بەختلىك تۇرمۇشى تېخىمۇ بولمايدۇ.

ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەندىن كېيىن، يۇرتۇمغا قايتىپ خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولدۇم. مەكتىپىمىز «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرغاندىن بۇيان، مەن تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، ئۇلار بىلەن تاماقتا، يېتىپ - قوپۇشتا، ئەمگەكتە، ئۆگىنىشتە بىللە بولدۇم. مېنىڭ تۇغقىنىم ئاتتۇ ناھەيەسىنىڭ ئۆزمە يېزىسى يېڭىئايماق كەنتىدىكى كەنت ئاھالىسى ئابدۇقەيۇم رەشىدىن. مەن تۇغقىنىمنىڭ ئۆيىگە تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئالغاچ باردىم، ئۇلار بىلەن ئۆي ئىشلىرىنى بىللە قىلىپ، مۇڭدىشىپ، كۆڭۈل ئېچىپ، ئۆگەندۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە، تۇغقىنىمغا پارتىيەنىڭ تۈرلۈك ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى ۋە قانۇن - نىزام بىلىملىرىنى تەشۋىق قىلدىم. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش ئارقىلىق، مەن شۇنى يەنىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلدىمكى، بىز ھەرقايسى مىللەتلەر ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۆز قارىچۇقىمىزنى ئاسرىغاندەك ئاسرىشىمىز، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ھاياتىمىزنى قەدىرلىگەندەك قەدىرلىشىمىز كېرەك، تۇغقىنىمىزنى يېقىن كىشىلىرىمىزدەك كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئۆزىمىزنىڭ قىيىنچىلىقى دەپ بىلىپ، سەمىمىيلىك بىلەن ئۇلار بىلەن بىللە ياشاپ، بىللە ئۆگىنىسەكلا، ھەقىقىي بىر ئائىلە كىشىلىرى بولالايمىز.

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ جان تومۇرى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ قەلب ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەشتىكى باشلىنىش نۇقتىسى ۋە مەۋقەسى. شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات مۇساپىسىنى ئەسلىسەك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ياخشى بولغاندا، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولغان، ئىقتىساد ساغلام تەرەققىي قىلغان؛ ئەكسىچە بولغاندا، جەمئىيەتتە مۇقىمسىزلىق كۆرۈلۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋە تۈرلۈك ئىشلار تەسىرگە ئۇچرايدۇ. بىز خۇددى قۇياش نۇرى ئەتراپنى يورۇتقانغا ئوخشاش، پۈتكۈل جەمئىيەتتە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەشۋىق - تەربىيەسىنى كەڭ كۆلەمدە چوڭقۇر ياخشى قانات يايدۇرۇشىمىز كېرەك؛ ھاۋانى ساپلاشتۇرغانغا ئوخشاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىغا پايدىسىز بارلىق سۆز - ھەرىكەتلەرگە قەتئىي قارشى تۇرۇشىمىز كېرەك؛ سۇ مەنبەسىنى قوغدىغانغا ئوخشاش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك.

---

# قىزىلسۇ ئوبلاستى بەش يىلدا چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش تۈرىدىن 320نى يولغا قويدى

(بېشى 1 - بەتتە)

شۇنىڭ بىلەن بىللە، قىزىلسۇ ئوبلاستى مەۋقەنى ئەمەلىيەتكە قويۇپ، چېگرا رايوننىڭ نامراتلارنى يۆلەش خىزمەت تەپەككۇر يولىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇردى. چېگرا قوغدىغۇچىلارغا تولۇقلىما بېرىش سىياستىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چېگرا قوغدىغۇچىلارنىڭ ئائىلە ئەزالىرى تۆۋەن كاپالەت سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چېگرا قوغدىغۇچىلارنىڭ تاسادىپىي زەخىملىنىش سۇغۇرتىسى سىياستىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، چېگرا قوغدىغۇچىلارنىڭ غەم - ئەندىشىسىنى ھەقىقىي تۈردە ھەل قىلدى.

چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش قۇرۇلۇشلىرى، چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش سىياسەتلىرىنىڭ ئەمەلىيلىشىشى قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشى، تۇرمۇشىنى ياخشىلاپلا قالماي، يەنە ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كىرىمنى ئاشۇرۇپ بېيىشنى ئىلگىرى سۈردى.

قىزىلسۇ ئوبلاستلىق ئىستاتىستىكا ئىدارىسىنىڭ سانلىق مەلۇماتىدا كۆرسىتىلىشىچە، 2018 - يىلى، قىزىلسۇ ئوبلاستىدىكى شەھەر - بازار ئاھالىلىرى ئىلكىدىكى ئوتتۇرىچە كىرىم 28 مىڭ 452 يۈەنگە يېتىپ، 2014 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 9.9% ئاشقان. 2018 - يىلى دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 8162 يۈەنگە يېتىپ، 2014 - يىلدىن 2018 - يىلغىچە يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 14.3% ئاشقان.

كېيىنكى قەدەمدە، قىزىلسۇ ئوبلاستى تېخىمۇ كۆپ مەبلەغنى چېگرا رايونىنى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش تۈرلىرىگە سېلىپ، چېگرا رايوندىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنى ئۈزلۈكسىز ياخشىلاپ، پۈتۈن ئوبلاستتىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە ئورتاق قەدەم قويۇشىغا كۈچەيدۇ.